
دەستۇر گۈلىستانى

# مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ

(دىۋانى مەشرەپ)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۈلستانى

# مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ

(دىۋانى مەشرەپ)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: تۇرسۇن ئابدۇللا بەگيار

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

谁在思念我：维吾尔文／阿迪力·穆罕默德主编.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，2009.3

(经典之花系列丛书)

ISBN 978-7-80744-782-5

I. 谁… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第024494号

| | |
|---|---|
| 丛书名 | 经典之花系列丛书 |
| 本册书名 | 谁在思念我 |
| 策　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　著 | 吐尔逊阿不都拉 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 哈斯亚提·依不拉音 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　址 | 乌鲁木齐市西虹西路36号 |
| 邮　编 | 830000 |
| 发　行 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　张 | 3.125 |
| 版　次 | 2009年3月第1版 |
| 印　次 | 2009年3月第1次印刷 |
| 书　号 | ISBN 978-7-80744-782-5 |
| 定　价 | 9.90元 |

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: تۇرسۇن ئابدۇللابەگيار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2009 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-782-5
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمىگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟» دېگەن كىتابتا شائىر بابا رەھىم مەشرەب (1657 – 1711) نىڭ ھاياتى ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بايان قىلىندى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مەشرەب ناخشىسى

مەن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتىم. بىردەمدىن كېيىن ئوغلۇم تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغان چېغى ئاستا يېنىمغا كېلىپ ساپاغا چۈكتى ۋە تېزگىنەكنى ئېلىپ قانال يۆتكەشكە باشلىدى. ئوغلۇم قانداقتۇر بىر كارتون فىلىملەرنى ئاختۇرسا كېرەك، ھېلى ئۇ قانالغا يۆتكىسە، ھېلى بۇ قانالغا يۆتكەيتتى. تۇيۇقسىز بىر قانالدا تولىمۇ يېقىملىق بىر ناخشا چىقىپ قالدى.

— بولدى، يۆتكەۋەرمەي مۇشۇنىڭدا قويغىنا، بالام!— دېدىم مەن تېكلىنىپ ئولتۇرۇپ— مەشرەبنىڭ ناخشىسى نېمىدېگەن يېقىملىق - ھە!؟ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈۋەتكىنە، ئوغلۇم...

كېلىشكەن ياشقىنا ناخشىچى ئىككى - ئۈچ ھەمراھى بىلەن بىللە تولىمۇ يېقىملىق ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. يۈرەككە لەززەت بېغىشلىغۇچى مۇقام كۈيلىرىگە تەڭكەش قىلىنغان ناخشا تۇرۇپ يۈرەكنى شوخ چالغىتسا، تۇرۇپ ھەسرەتلىك مۇڭ ئىلكىگە تاشلايتتى.

نەمەنگان شەھرىدىن كەتسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
غەرىبلىك شەھرىدە ئۆلسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
مۇھەببەت شەربىتى ئىچتىم، قازاندەك قايناپان تاشتىم،
بۇ فانىي دۇنيادىن كەچتىم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇشۇپدۇر باشىمە سەۋدا، رۇمۇزى ئىشقدىن غەۋغا،

ئۆزىگە ئەيلەدى شەيدا، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
تۇرارغە تاقەتىم يوقدۇر، يۈرەرگە ھالەتىم يوقدۇر،
يۈرەكتە ئىشق ئوتى چوقدۇر، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
قارارىم يوق تۇراي دېسەم، نەمەنگاندا يۈرەي دېسەم،
جەھاننى سەير ئېتىپ كەزسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟
بۇ مىسكىن زار مەشرەبنىڭ كىشى ھالىنى بىلمەيدۇر،
بۇ يەردىن باش ئالىپ كەتسەم، مېنى يوقلار كىشىم بارمۇ؟

ناخشا تۈگىدى، مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدۇم. يېنىمدا ئولتۇرغان ئوغلۇممۇ ناخشىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ناخشا تۈگىشى بىلەن ئۇ:

— دادا، بايا سىز «مەشرەبنىڭ ناخشىسى» دېگەندەك قىلدىڭىز، بۇ قايسى مەشرەپنىڭ ناخشىسى؟ — دەپ سورىدى مەندىن ئەستايىدىللىق بىلەن.

— بۇ، شائىر بابارەھىم مەشرەبنىڭ شېئىرىغا ئىشلەنگەن ناخشا ئوغلۇم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— مەن تېخى تېلېۋىزوردا ھەر شەنبە كۈنى بېرىلىدىغان مەشرەپ پروگراممىسىنىڭ ناخشىسى ئوخشايدۇ، دەپتىكەنمەن، — دېدى ئوغلۇم ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي.

مەنمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا «مەشرەپ»نى ۋە شائىر مەشرەبنى ئېنىقراق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ قويمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئوغلۇمنىڭ قولىنى تۇتتۇم:

— ماڭا قارا ئوغلۇم، مەشرەپ بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بىر خىل ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ خىلمۇخىل شەكىل، مەزمۇنلىرى بىلەن بىزنى دوستلۇق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈك، جاسارەتكە، باتۇرلۇق، ئاق كۆڭۈللۈك، كەڭ قورساقلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتلىك، چىدام -

غەيرەتلىك بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئۇزاق تارىختىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ ئويىنىلىپ، ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر خىل مىللىي ئەنئەنىۋى پائالىيەت. پەلەكنىڭ قىسمەتلىرى ئۆزگىرىپ، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىشى، ماددىي موھتاجلىق ئېھتىياجىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئارتىپ بېرىشى تۈپەيلىدىن يوقىلىپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن ئەنئەنىۋى پائالىيەتلىرىمىزگە ئوخشاش مەشرەپ پائالىيىتىمۇ بارا - بارا ئازلاپ قېلىۋاتاتتى. بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىر تۈركۈم سەركە كىشىلىرىمىزنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بۇ مەشرەپ پائالىيىتى سەھنىلەرگە، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىغا ئېلىپ چىقىلىپ، سىلەردەك ياش ئەۋلادلارغا كۆرسىتىلىۋاتىدۇ...

— شۇنداق بىز ھەر شەنبە كۈنى مەشرەب پروگراممىسىنى كۆرۈۋاتىمىز. بىراق، بايا سىز شائىر مەشرەب دېدىڭىز، بىزنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمىزدا جىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بار، ئەمما مەشرەب دەپ بىرەرسى يوق ئىدىغۇ؟ — دېدى ئوغلۇم.

— شۇنداق ئوغلۇم، دەرسلىك كىتاب سىلەرگە ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىپ بولالمايدۇ، بەلكىم شائىر مەشرەب سىلەرنىڭ دەرسلىكلىرىڭلارغا كىرگۈزۈلمىگەندۇ، يۇقىرى يىللىقلارغا چىققاندا ياكى ئالىي مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىڭلاردا ئۇستازىڭلار سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن. تارىختا، بىزنىڭ تارىخىمىزدا بابارەھىم مەشرەب ئىسىملىك بىر كلاسسىك شائىر ئۆتكەن، ئوغلۇم...

— سىز شائىر مەشرەب توغرىلىق بىلسىڭىز ماڭا سۆزلەپ بېرىڭ، ئۇ كىم؟ نەدە تۇغۇلۇپ، قەيەرلەردە ياشىغان؟ نېمە ئىشلارنى قىلغان؟ قانداق ئېسىل شېئىرلارنى يازغان؟...

— بولىدۇ، ئوغلۇم قۇلاق سال، مەن سوئاللىرىڭغا بىر -

بىرلەپ جاۋاب بېرەي، شائىر مەشرەبنىڭ ھېكايىسى خېلى ئۇزۇن ھېكايە. چىدام بىلەن ئوبدان قۇلاق سېلىپ ئاڭلا ـ ھە؟ ـــ دەپ باشلىدىم مەن مەشرەب قىسسىسىنى ۋاراقلاپ.

ـــ خەلقىمىز ئەسىرلەردىن بويان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن ياد ئېتىپ شېئىر، غەزەللىرىنى يادلاپ، مۇقام مۇڭلىرىغا قوشۇپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان يېتۈك مۇتەپەككۇر شائىر، ئاتەشنەپەس غەزەلخان بابارەھىم مەشرەب (شاھ مەشرەپمۇ دېيىلىدۇ). ئۆزبېك، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن بۈيۈك نامايەندە. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇنماس ھايات ئېتىقادى، يىمىرىلمەس ئىنسانپەرلىك روھى ۋە ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي كامالىتى بىلەن ئۆزبېك، ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ گۈللەنگەن بىر دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كاتتا شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى.

بابارەھىم مەشرەب ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە بىر ئۆمۈر ئازابلىق ئىزدىنىپ ئۆتكەن ئەلەملىك شائىر. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىلاھىي ئىشق بىلەن ئىنسانىي مۇھەببەت، شۇڭا شائىر مەشرەب بىر غەزىلىدە:

لامەكانىى شەھرىدە ئاشىقنى شەيدا قىلدى ئىشق،<br>
ئەنبىياۋە ئەۋلىيالارنى ھۇۋەيدا قىلدى ئىشق.<br>
جىلۋەسىنى كۆرسەتىپ زاھىرەن ئەلگە رەڭ بەرەڭ،<br>
ئارو نامۇسدىن كېچىپ ئالەمگە غەۋغا قىلدى ئىشق.<br>
شەيخ شىبلىي، شەيخ ئەتتار ئول «ئەنەلھەق» سۆھبەتىن،<br>
كۆردى، ئىچتى بادەنى، مەنسۇرنى داردا قىلدى ئىشق.<br>
«كوفر ئايتتى!» دەپ نەسىمىي تىرەسىنى سويدىلار،<br>
گوشتو پوستىن سۆزلەتىپ ئالەمگە گويا قىلدى ئىشق.

شەيخ سەنئاندىن بولۇپ تۈرت يۈز مۇرىد ساھىب كەمال،
كۆردى تەرسازادەننى خوكبانۇ تەرسا قىلدى ئىشق.
بىلدىيۇ ئىشتتى مەشرەبنىڭ قەرارى يوق ئىكەن،
زاھىرىن گويا قىلىپ، باتىننى بىينا قىلدى ئىشق.

دەپ يازسا، يەنە بىر شېئىرىدا:

ئەي ماھ، نېتەي، ئىشقىڭ ئەيلەدى رەسۋا، دىۋانە بولۇپمەن،
ئىشق ئوتى كۆيەر جىسمىم ئاراسىدە نە پەرۋا، پەرۋانە بولۇپمەن.
ئول دەمكى ئوشۇل ماھ يۈزىن بىر يولى كۆردۈم، چۈن خابى خەيالەت،
نەيرەڭگى رەقىب ئولدى ۋەيا تەقدىرى ئەللاھ، بىگانە بولۇپمەن.
مەشرەب ھالىنى سورغالى ئالەمدە كىم بار، كىم دادىگە يەتكەي،
يوقدۇر بۇ بۇزۇغ دىلنى سورار مەھرەمۇ دانا، ۋەيرانە بولۇپمەن.

دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس نەرسە ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قەلبى مۇجۇلغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئەلەملىك مۇڭ ـ زارى. شۇڭا، ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى تەشكىل قىلغان سەرگەردانلىق ھاياتىدا قەيەرگە بارسا، فېئودال خورلۇپاتلىق، نادانلىق، زۇلۇم ئاستىدا قالغان مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئاھۇ زارىنى كۆرۈپ، قەلبىدىن يالقۇنلۇق ئەشئارلىرىنى ياڭراتقان. ئۇ ئاشۇ جەرياندا كۆرگەنلىرى ئاساسىدا مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

دىلى تىغى سەتەمدىن پارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
تېنى دەردۇ ئەلەمدىن يارە بولغان خەلقنى كۆردۈم.
كۆزى ۋەقتى سەھەر سەييارە بولغان خەلقنى كۆردۈم،
فەنا مۈلكىدە كۆپ ئەۋۋارە بولغان خەلقنى كۆردۈم.

جۇنۇن توغيان ئېتىپدۇر، ھەربىرىسى بىخەبەر تەنها.

خەلقپەرۋەرلىك بابارەھىم مەشرەبنىڭ ھايات ۋە ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىي ئىزدىنىشىنىڭ يۈكسەك پەللىسىدۇر. شۇڭا مەشرەب شېئىرىيىتىدە ئادالەت ۋە ھەققانىيەت بىلەن پاكلىق ۋە ھالاللىق چەكسىز مۇھەببەت بىلەن كۆيلىنىدۇ. قەلبى گۈزەللىك ۋە ئېزگۈلۈك بىلەن نۇرلانغان ئالىيجاناب ئادەم ئەخلاقىي يۈكسەكلىكنىڭ يارقىن تىپى سۈپىتىدە مەدھىيىلىنىدۇ. ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلىككە ئىگە بولغان ھاياتىي غايىلىرى ئۇلۇغلىنىدۇ. زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق بىلەن ھاياتىي رەزىللىك ۋە مەنىۋى پەسكەشلىك ئوتلۇق نەپرەت بىلەن قارىلىنىدۇ.

— توختا دادا، بابا سەن شېئىر، شائىر، تەسەۋۋۇپ دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئۆتۈپ كەتتىڭ. بۇلارنى چۈشىنىۋېلىشىم كېرەكمۇ - قانداق؟ سەن دەۋاتقان شائىر مەشرەب مۇشۇلار بىلەن باغلىنىدىكەن، — دېدى ئوغلۇم ھېكايىمىزنىڭ مەزمۇنىغا چوڭقۇرلىماقچى بولۇپ.

— توغرا ئوغلۇم، — دېدىم مەن ئوغلۇمنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈنكى، ئەتىكى بالىلار سەندەك ئەقىللىق بولۇشى كېرەك. سەن سورىغان بۇ ئۇقۇملارنى كېيىنچە ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلىرىڭ ئېيتىپ بېرەتتى ياكى لۇغەت، قورال كىتابلاردىن پايدىلىنىپ بىلىۋالساڭمۇ بولاتتى. بىراق بۇلار بىزنىڭ مەشرەب ھەققىدىكى ھېكايىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى، بوپتۇ، قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي:

شېئىر — ئىجتىمائىي ھاياتنى باي تەسەۋۋۇر، كۈچلۈك لىرىكلىق ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ئەڭ ئىخچام، ئەڭ جانلىق، ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، چوڭقۇر ئىدىيە،



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئوبرازلىق تىل، يىقىملىق ئاھاڭ ۋە بەلگىلىك رىتىمغا ئىگە بولغان بىر خىل ئەدەبىي شەكىلدۇر. ئۇ بەزىدە نەزم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. باشقىچىرەك قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىر ئىجتىمائىي ھاياتنى باي تەسەۋۋۇر ھەم كۈچلۈك ھېسسىيات ياردىمى بىلەن ھەم ئىخچام، ھەم چۈشىنىشلىك قىلىپ يازغان نەزم. ئۇنىڭدا سۆزلەر ئوبرازلىق، يىقىملىق، ئاھاڭدار ۋە رىتىملىق بولىدۇ. كىشىنىڭ ئېسىدە ئوڭاي قالىدۇ.

سۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، شېئىر دېگەن سۆز — گۈزەل سېزىم، گۈزەل تۇيغۇ دېگەن بولىدۇ.

شائىر — ئەرەبچە سۆز بولۇپ، شېئىرىي ئەسەر يازىدىغان كىشى، شېئىر يازىدىغان شەخس دېگەن بولىدۇ.

ئوغلۇم شۇنى بىلىۋالغىنكى، شائىر ۋە شېئىرغا ھەر خىل ئىسىملارنى، ئوخشىمىغان نۇقتىدىن ئوخشىمىغان مەنە، تەبىرلەرنى بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ شېئىر ۋە شائىرنىڭ مەنىسى، تەبىرى يۇقىرىقىلارلا ئەمەس...

ئەمدى تەسەۋۋۇپ دېگەن سۆزگە كەلسەك، تەسەۋۋۇپ سۆز مەنىسى جەھەتتىن — ئىلاھ (خۇدا) ۋە ئىلاھىي كۈچلەرگە، ئادەمنىڭ ئىلاھ بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشىشىغا ئىشىنىشتىن ئىبارەت دىنىي ئېتىقاد، مىستىكا...

تەسەۋۋۇپ سۆزى — ئەرەبچە سوپىلىق دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ.

يەنە، تەسەۋۋۇپ ئىسلامىيەتتىكى بىر خىل پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۇ بىر خىل كلاسسىك ئىلىم بولۇپ، روھىيەت، دۇنيا ۋە جەمئىيەتنى بىلىش، چۈشىنىش، ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئىسلام دىنى ئېتىقادىغا بېقىنغان شەكلى، شۇنداقلا ئۇ ناھايىتى مۇرەككەپ بىر خىل شەرقچە گۇمانىستار ئىلىم بولۇپ، ئۇنى چوڭقۇر تەتقىق

قىلىپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ سېپىنىڭ قىزىقىش، ئىرادە ۋە غەيرىتىڭگە باغلىق...

— بابارەھىم مەشرەب ئەنە شۇنداق تەسەۋۋۇپچە (سوفىستىك) مەزمۇندا شېئىر يازىدىغان شائىرمۇ؟!

— توغرا ئوغلۇم، مەشرەب ئەنە شۇنداق شائىرلارنىڭ گۇلتاجىسى.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىغا كەلسەك، مەشرەب شېئىرلىرى مەردانىلىك، ئىسيان، ساداقەت ۋە ئىنسانىي غۇرۇر تۇيغۇلىرىغا تولۇپ تاشقان بولۇپ، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇلاردا ئەكس ئەتكەن كەڭ ۋە چوڭقۇر ھاياتىي مەزمۇن، رەڭدار ۋە جىلۋىگەر ئىجادىي سەنئەت، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپلىكىدە تەڭدىشى بولمىغان قاتلاملىق شېئىرىي تەپەككۇرى ۋە پايانى بولمىغان بەدىئىي تەسەۋۋۇر كەڭلىكى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بابارەھىم مەشرەب ئۇيغۇر ۋە شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى ئىدىيىۋى ئېھتىياج تەقەززاسى بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇلاردىن ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك غايە ۋە تۇيغۇلىرىنى ئۆزلەشتۇرگەن. بىز مەشرەبنىڭ ئىجادىي سەمەرىلىرىگە يەنە بىر نۇقتىدىن نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسى رېئال ھايات ۋە ئىنساننىڭ تەقدىر - قىسمىتى، مەنىۋى ئىنتىلىشلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ مۇتەئەسسىپ سوپى، زاھىتلار، ھاكىملار، سۇتخور زالىملارنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش، خەلقنى، خەلقنىڭ پاك ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۈيلەپ، ئۇلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە ئورتاقلىشىشى مۇشۇ تۇپ كىشىلىك قارىشىدىن تۇغۇلغان. ئۇ شېئىرىي پىكىردە خەلقپەرۋەرلىكنىڭ، ماھارەتتە بەدىئىي بالاغەتنىڭ ئۈلگىسى بولغان.

كېيىنكى كۈنلەردە شاھ دەپ ئاتالغان مەشرەب ھاياتىدا ئارزۇ ۋەزىنىنىڭ ھەر قايسى بەھرلىرىدە، كۆپلىگەن شەكىللەردە نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازغان. ئۇ ئىجتىھات بىلەن ئىجاد قىلغان شېئىرلار ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت داۋامىدا خەلق ئېغىزىدا ئەلدىن - ئەلگە كۆچۈپ، پۈتكۈل شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭدىن «دىۋانى مەشرەب» ناملىق بىر كىتاب مىراس قالغان بولۇپ، بۇ كىتابقا ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىللەردە يازغان 3000 مىسرادىن ئارتۇق شېئىرى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە غەزەل ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن 200 مىسرادىن ئارتۇقراقى ئۇيغۇر مۇزىكا خەزىنىسىنىڭ خانتاجى بولغان ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئىچىگە كىرگەن بولۇپ، مۇقامشۇناسلار تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، خەلقىمىزگە چوڭ بەدىئىي زوق بېغىشلاپ كەلمەكتە.

شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، مەشرەب بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇنقى فېئوداللىق دەۋردە ياشاپ ئىجاد قىلغان بولغاچقا، مەشرەب شېئىرلىرى ئۆزى مەيدانغا كەلگەن ماكان ۋە زامان تەقەززاسى بىلەن قىسمەن خۇراپىي نۇقسانلاردىن خالىي ئەمەس. بۈگۈنكى دەۋردە ئۇنداق تەرەپلەرگە تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇشىمىزغا، ئۇنى توغرا تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق ئوغلۇم، مەشرەب ئۇلۇغ بىر سەنئەتكار بولغاچقا، ئاز بولمىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا چوقۇنغان. بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ئەگەشكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرىنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان بەزى كىشىلەر مەشرەبتىن ئىبارەت بۇ رېئال شەخسنىڭ كەچۈرمىشلىرى قانچە ئەپسانە بولسا، شۇنچە سىرلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنى قىسمەن ئەپسانىۋى شەخسكە ئايلاندۇرۇپ

قويغان. شۇڭا «مەشرەب بىر ئەپسانىۋى شەخس، ئۇنىڭ هاياتى ۋە ئىجادىيىتىدە دىنىي تۈس قويۇق» دېگەن ناتوغرا قاراشتىكى كىشىلەر ھېلىمۇ بار. بىراق، ئۇ بەرىبىر رېئال ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي شەخس. قانداقلا بولمىسۇن، ئۆز دەۋرى ئېڭىنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ، تەپەككۇر قىلغان، كۆپلىگەن گۈزەل سۆزلۈك شېئىرلارنى ئىجاد قىلغان شائىر...

ئەمدى مەن ساڭا مەشرەبنىڭ هاياتى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرەي...

# مەشرەبنىڭ بالىلىق دەۋرى

— مەشرەب ھەققىدىكى ھېكايىمىزنى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىن باشلايلى.

— نېمە مەشرەبمۇ بالىمىدى؟ — دېدى ئوغلۇم قىزىقىپ.

— ئوغلۇم، ھەر قانداق ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى بولىدۇ. شۇنداق، شائىر مەشرەبنىڭمۇ بالىلىق دەۋرى بولغان. توغرا، ساڭا ئوخشاش بالىلارنىڭ ھاياتى كۆپىنچە گۈزەل ئەپسانىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. مەشرەبنىڭ بالىلىق دەۋرىمۇ ئەنە شۇنداق گۈزەل ئەپسانىلەردەك دەۋر ئىدى. شۇنى ئېسىڭدىن چىقارمىغىنكى: مەشرەبنىڭ بالىلىقتىن كېيىنكى پۈتكۈل ھاياتىمۇ قويۇق ئەپسانىۋى تۈستە داۋام قىلىدۇ...

رىۋايەت قىلغۇچىلار: مەشرەب ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەندىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاشىقلىق، يەنى خۇدا (تەڭرى) گە بولغان ئاشىقلىق سىڭىپ كەتكەن دەپ رىۋايەت سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەندىلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكىنى ھەقىقەتكە، ھەققانىيەتكە، ئادىللىق، تەڭلىك، باراۋەرلىككە بولغان ئاشىقلىق، خۇدا (تەڭرى) — ھەقىقەتنىڭ ئۆزى شۇ، ئوغلۇم. بۇ دۇنيادا ھەقىقەت چوقۇم بار. شۇڭا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ دېگىنىگە مۇۋاپىق ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھەقىقەتكە بولغان ئاشىقلىق سادالىرى ياڭراپ تۇرىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي، شائىر مەشرەب شېئىرلىرىدا ھەقىقەتكە بولغان ئاشىقلىقنى «ئىشق» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ. قارا:

مەن كىمگە ئېيتاي، دوستلارىم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى،
سەدپارە قىلدى يۈرەكىم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
تۈن كېچەلەر داد ئەيلەسەم، ھەردەم سېنى ياد ئەيلەسەم،
ئىشقىڭدا فەرياد ئەيلەسەم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
شامۇ سەھەر گىريان بولاي، يولۇڭدا سەرگەردان بولاي،
ئاخىر ساڭا قۇربان بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
ھەمدەم بولاي مەيخانەگە، ساكىن بولاي بۇتخانەگە،
باشىم قوياي ئاستانەگە، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
ئىشق ئەھلىگە ھەمدەم بولاي، ھەق يولىغە مەھكەم بولاي،
دەرگاھىڭغە مەھرەم بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.
دىۋانەۋۇ شەيدا بولاي، مەن تالىبى مەۋلا بولاي،
خەلق ئېلىگە رەسۋا بولاي، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى،
مەشرەبكە قىل لوتفۇ كەرەم، ۋەھدەت شەرابىن دەم بەدەم.
ئەي ساھىبى لەۋھۇ قەلەم، دىۋانە قىلدى ئىشق مېنى.

دېگەنگە ئوخشاش. كېيىنچە بىز يەنە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ھەقىقەتكە بولغان بۇ ئاشىقلىقنى باشقىمۇ نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ سىمۋولىغا يۈكلىگەنلىكىنى بىلىپ قالىمىز.

مەشرەب ھەققىدىكى ھېكايىمىزگە كېلەيلى. مەشرەبنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى موللا ۋەلى، ئانىسىنىڭ ئىسمى سەلىمخان ئىدى. ئۇلار نەمەنگان شەھرىنىڭ ئەتراپىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان نامرات، ئاق كۆڭۈل، ھالال، ساددا كىشىلەردىن ئىدى.

مەشرەب ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يەتتە ئايلىق بولغان مەزگىل ئىدى. ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى مەشرەبنىڭ ئانىسى سەلىمخان ئالدىنقى كۈنى ئېگىرىپ قويغان ئازراق يىپنى سېتىش ئۈچۈن بازارغا ئاچىقتى. ئانا يىپنىڭ پۇلىغا ئۆيگە نەرسە - كېرەك سېتىۋالاي دەپ كېتىۋېتىپ قارىسا، كوچىدا ئۈزۈم



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com